# 241164 ـ تاھارەت ئېلىش جەريانىدا چېچىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تۇتقىنى ئېلىۋېتىش كېرەك بولامدۇ؟

**سۇئال**

چېچىلىرىمنى داۋالىتىم، چېچ دوختۇرى چېچىمغا چېچىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئوراپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر نەرسىنى قويدى، بۇ نەرسىنى خالىغاندا ئېلىۋەتكىلى بولىدۇ، ناماز ئۈچۈن ھەر قېتىم تاھارەت ئالغان ۋاقتىمدا يەنى ئېغىزغا سۇ ئالغاندا ئۇنى ئېلىۋېتىشىم كېرەكمۇ؟، تاھارەت ئالغاندا چېچىلارنىڭ ھەممىسىگە سۇ تېگىشى كېرەكمۇ؟ياكى ئۇنى ئېغىزىمدىن ئېلىۋەتمەي تاھارەت ئالساممۇ بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تاھارەت ئالغاندا چېچىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بۇ نەرسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك ئەمەس، چۈنكى ئېغىزىغا سۇ ئېلىش دېگەن؛ سۇنى ئېغىزىدا ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئېغىزدا چېچىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسە بولسىمۇ ھاسىل بولىدۇ، جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندا مۇمكىن بولسا ئېلىۋەتكەن ياخشى.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن:  مەن چېچىلىرىمنى ياساتقان، بۇ چېچىلارنى بىر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئېلىۋېتىپ تاھارەت ئالسام كۇپايە قىلامدۇ ياكى ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئېلىۋېتىپ ئاندىن تاھارەت ئالىمەنمۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن" :بۇنى ئېلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىرىنچى قېتىم سالغاندا ئېغىزىڭىزنى چايقاپ تاھارەت ئېلىپ سالدۇرغان بولسىڭىز، شۇ تاھارەت بىلەن نامازنى ئادا قىلسىز، يەنە بىر قېتىم تاھارەت ئالماقچى بولغاندىمۇ ياساتقان چېچ ئېغىزىڭىزدا تۇرىۋېرىدۇ، ئېغىزىڭىزنى چايقايسىز چىشنى ئېلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ" ] ."نۇرۇن ئەلەددەرپ پەتىۋاسى- 5 " توم- 101 بەت .]

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن:  بىر كىشى ئالغىلى بولىدىغان قىلىپ بەزى چېچىلارنى سالدۇرۇپتۇ، مۇستەھكەم بېكىتىۋەتمەپتۇ، لېكىن تولا ئېلىپ-سېلىش قىيىن بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىزىنى چايقىغاندا چېچىلىرىنى ئالماي تاھارەت ئالسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن " :ئېغىزىنى چايقىغاندا چېچىنى ئېلىش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى ئېغىزىغا سۇ ئالغاندا سۇنى ئېغىزىدا ئايلاندۇرۇش كۇپايە قىلىدۇ، چۈنكى سۇ دېگەن ئىنچىكە بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىزدىكى ھەممە چېچىنىڭ ئارىسىغا يېتىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندا چېچىنى ئېلىۋەتسە ياخشى بولىدۇ ."

"]ئايلىق ئوچۇق سۆھبەت" - 20 قىسىم- 158 نومۇر].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.